## 12689 ـ ئايال ئادەت كۆرۈپ پاك بولغاندىن كېيىن روزىدار ھالىتىدە ساغۇچ نەرسىلەر كەلگەنلىكى توغرىسىدا

### سۇئال

ئايال رامزاندا تاڭ يورۇشتىن ئىلگىرى ھەيزدىن پاك بولدى، شۇ كۈنى روزا تۇتتى، پېشىن نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن تاھارەت ئالماقچى بولغاندا، ساغۇچ نەرسىلەر كەلدى، ئۇ ئايالنىڭ تۇتقان روزىسى توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ھەيزدىن پاك بولۇش تاڭ يورۇشتىن ئىلگىرى بولغان بولسا، ئاندىن روزا تۇتقان بولسا، پاكىز بولۇپ بولغاندىن كېيىن كەلگەن ساغۇچلۇقنىڭ روزىغا تەسىرى بولمايدۇ، بۇ توغرىدا ئۇممۇ ئەتىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «بىز ھەيزدىن پاك بولۇپ بولغاندىن كېيىن  كۆرۈلگەن دۇغ ۋە ساغۇچ نەرسىلەرنى ئېتىبارغا ئالمايتتۇق». [بۇخارى رىۋايىتى 1-توم 84-بەت. ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى 307-ھەدىس. ھەدىسنىڭ لەپزى ئەبۇ داۋۇتقا ئائىتتۇر].

ئاللاھ ياخشىلىققا مۇۋەپپەق قىلسۇن. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.